# دۇنيانىڭ چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش

## —— 2020 - يىلى جۇڭگو دۆلەت باشلىقى دىپلوماتىيەسى توغرىسدا ئۇنىۋېرسال بايان

(بېشى 1 - بەتتە)

كوچا ئېغىزىدا تۇردى. دەۋر ئۆزگىرىشى، دۇنيا ئۆزگىرىشىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، رەئىس شى جىنپىڭ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سېلىپ، ئىنسانلارنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى چۆرىدەپ جۇڭگو لايىھەسى، جۇڭگو تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىغا ماسلىشىپ، توغرا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

### يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، پۈتۈن يەر شارىۋى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى تورىنى زىچ توقۇش

«يىراق يەردىن قوي سوۋغا قىلىش، چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان ئەبەدىي دوستلۇق»، 11 - ئايدا، موڭغۇلىيە دۆلىتى سوۋغا قىلغان تۈنجى تۈركۈمدىكى قويلار ۋۇخەنگە توشۇپ كېلىنىپ، بىر مەھەل جۇڭگو ئالاقە تورىنى «قاپلىدى»؛ «چىن دوستلۇق چاينىڭ ئىچىدە»، خۇبېي خەلقى چاي ۋە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن «سوۋغا قايتۇردى»، بۇ «قوي - چاي سوۋغىسى»، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشتىكى قىزىق پاراڭغا ئايلاندى.

كىشىلەر ئۇنتۇپ قالمايدۇ، بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، رەئىس شى جىنپىڭ خەلق سارىيىدا موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭى باتتۇلگا بىلەن سۆھبەتلەشتى. شۇ ۋاقىتتا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى دەل يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى، رەئىس شى جىنپىڭ سۆھبەتتە جۇڭگونىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى ۋە تەدبىرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ داۋاملىق تۈردە موڭغۇلىيە دۆلىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمغا ئورتاق، ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، رايون ۋە پۈتۈن يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

دەل مۇشۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن، زۇڭتۇڭ باتتۇلگا نەق مەيداندا رەئىس شى جىنپىڭغا موڭغۇلىيە دۆلىتى تەرىپىنىڭ جۇڭگو تەرەپكە 30 مىڭ تۇياق قوي ھەدىيە قىلىش گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇردى.

ئۆتكەن بىر يىلدا، دۆلەت باشلىقى دىپلوماتىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، جۇڭگو دىپلوماتىيەسى دۆلەت ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، دۇنيا ئالدىدا مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، دۇنياغا شەرقتىكى بۇ چوڭ دۆلەتنىڭ كەڭ، ئۇلۇغۋار خەلقئارا نەزەرى ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەن، تەمكىن ئالىيجاناب سالاپىتىنى ھېس قىلدۇردى.

«ئېغىر، زور تارقىلىشچان كېسەللىك پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى»؛

«ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال»؛

«جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ۋاكسىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى تاماملىغان ھەم ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرگەندىن كېيىن، پۈتۈن يەر شارىۋى ئاممىۋى مەھسۇلات سۈپىتىدە، ۋاكسىنىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ئومۇملىشىشى ۋە سېتىۋالالايدىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو تۆھپىسىنى قوشىدۇ»؛

...

بىر قېتىم زىيارەتكە چىقىش، زىيارەتكە كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش ۋە جۇڭگودا ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم خاراكتېرلىك پائالىيەتلەرگە يەتتە قېتىم قاتنىشىش، چەت ئەل رەھبەرلىرى ھەم خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن 80 قېتىم تېلېفونلىشىش، «بۇلۇت دىپلوماتىيەسى»دىن ئىبارەت ئىجادىي ئۇسۇل ئارقىلىق مۇھىم دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىگە 22 مەيدان قاتنىشىش، رەئىس شى جىنپىڭ داھىيلىق مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن خەلقئارا ھەمكارلىققا تۈرتكە بولۇپ، خەۋپلىك ھەم جىددىي پەيتتىكى ئىرادىسى ۋە جاسارىتىنى نامايان قىلدى.

دۇنيا ئالدىرىغانغا ئالدىرىدى، جۇڭگو دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا يەر شارىۋى ئىنسانپەرۋەرلىك بويىچە تاقابىل تۇرۇش پىلانىنى مەبلەغ مەدەتتە بىلەن تەمىنلىدى؛ يۈز نەچچە مەيدان دۆلەت ھالقىغان سىنلىق مۇتەخەسسىسلەر يىغىنى تەشكىللەپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىلىرىدىن تولۇق، تەڭ بەھرىمەن بولدى؛ «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ۋاكسىنىسىنى يولغا قويۇش پىلانى»غا قاتنىشىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پۈتۈن يەر شارىدا ۋاكسىنىنىڭ ئادىل تەقسىملىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى؛ 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ قەرزنى كېچىكتۈرۈش تەشەببۇسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان 23 دۆلەتنىڭ مۇددىتى بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن يىل ئاخىرىغىچە توشىدىغان ئالاقىدار قەرزنىڭ دەسمايىسى ۋە ئۆسۈمىنى قايتۇرۇشنى كېچىكتۈردى، كېچىكتۈرۈلگەن قەرز سوممىسى 1 مىليارد 353 مىليون دوللار بولدى.

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىشى بىلەن، جۇڭگو يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان يەر شارىۋى ئىنسانپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى قوزغاپ، 150 نەچچە دۆلەت ۋە ئون خەلقئارا تەشكىلاتنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى؛ 34 دۆلەتكە 36 داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى؛ ئەڭ چوڭ داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە دۆلەتلىك ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنى 200 مىليارد دانىدىن ئارتۇق ماسكا، 2 مىليارد قور مۇداپىئە كىيىمى، 800 مىليون قاپ تەكشۈرۈش - ئۆلچەش تەجرىبە دورىسى بىلەن تەمىنلىدى.

ھەم ئۆز دۆلىتىدىكى خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا مەسئۇل بولدى، ھەم يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرى ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلدى. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى تەن دېسەي باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: «جۇڭگونىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشى توغرا. ئۇ بولسىمۇ بىز ئىتتىپاقلىشىشىمىز كېرەك — ئىتتىپاقلىشىش، ئىتتىپاقلىشىش، يەنە ئىتتىپاقلىشىش».

ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولدى، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولدى، قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا، جۇڭگو خەلقى بىلەن ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق يەنىمۇ كۈچەيدى.

جۇڭگو - رۇسىيە دۆلەت باشلىقلىرى تۆت قېتىم تېلېفونلىشىپ، جۇڭگو - رۇسىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ سەجىل يۈكسىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى، ئىككى دۆلەت پۈتۈن يەر شارىۋى ئىستراتېگىيەلىك ئەندىزىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندى؛ جۇڭگو - ياۋروپا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ئىشەنچنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يەر شارىۋى خاراكتېرلىك خىرىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشقا بىردەك قوشۇلدى؛ جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى جىددىيلەشكەن ۋەزىيەت ئالدىدا، جۇڭگو تەرەپ ئامېرىكا تەرەپ بىلەن توقۇنۇشماسلىق، قارشىلاشماسلىق، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا داۋاملىق كۈچ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغدىدى. بىر يىل مابەينىدە، جۇڭگو ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولغان، تەكشۈك تەرەققىي قىلغان چوڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى رامكىسى بەرپا قىلىشقا ئۆزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، داۋالغۇش، ئۆزگىرىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتكە ئىنىقلىق قوشتى.

نېپال زۇڭتۇڭى باندارى بىلەن ئۆزئارا خەت ئەۋەتىپ، جۇمۇلاڭما چوققىسىنىڭ ئەڭ يېڭى ئېگىزلىكىنى بىرلىكتە جاكارلىدى؛ كامبودژا ۋالىدخانى مونىلىغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «دوستلۇق ئوردېنى» بەردى؛ جۇڭگو - بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىغا 70 يىل بولغان پەيتتە بىرمىدا زىيارەتتە بولۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ جۇڭگو - بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، نۇرغۇن يىللىق قېرىنداشلارچە دوستلۇقنىڭ يېپيېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق پۈتتى... بىر يىل مابەينىدە، رەئىس شى جىنپىڭ ئۆزى بىۋاسىتە قاتنىشىپ، جۇڭگونىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇشتا پۇختا قەدەم ئېلىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئافرىقا رەھبەرلىرى بىلەن جۇڭگو - ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو - ئافرىقىنىڭ دوستانە ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئەنئەنىسىنى مۇستەھكەملەپ، كۈچەيتىپ، جۇڭگو - ئافرىقا ۋە خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى ئۈچۈن قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ قوشتى؛ جۇڭگو - ئەرەب دۆلەتلىرى ھەمكارلىق مۇنبىرىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، جۇڭگو - ئەرەب دۆلەتلىرى ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك موھتاج، دەپ كۆرسەتتى... رەئىس شى جىنپىڭ ھەپتا ئونىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى لاتىن ئامېرىكىسىنىمۇ ئەستىن چىقارماي كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئون دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى بىلەن تېلېفونلىشىپ، جۇڭگو - لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىق چوڭ پىلانىنى ئورتاق كېڭەشتى. بىر يىل مابەينىدە، دۆلەت باشلىقى دىپلوماتىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقى يېڭى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، يېڭى كەيپىياتىنى نامايان قىلدى.

### ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات پۇرسىتىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشى ئۈچۈن كۈچ قوشۇش

12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ياپونىيە ماللىرى بېسىلغان X8015/6 — قېتىملىق نۆۋەتچى پويىز ۋۇخەن ۋۇجياشەن ۋوگزالىدىن گېرمانىيە دۇيسبۇرگقا قاراپ يولغا چىقتى، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى (ۋۇخەن) تۈنجى قېتىم ياپونىيە ماللىرىنى ياۋروپاغا توشۇدى. ۋۇخەندىن ئىبارەت دۇنياغا ئەڭ بۇرۇن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنى دوكلات قىلغان بۇ شەھەر بۈگۈنكى كۈندە يەنە بىر قېتىم ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، دېڭىز - تۆمۈريول بىرلەشمە ترانسپورتى خەلقئارا ئۆلاپ توشۇش يېڭى يولىنى ئاچتى.

يەتتە يىل ئىلگىرى، رەئىس شى جىنپىڭ تەرەققىياتتىن ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزلەپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى؛ يەتتە يىلدىن كېيىن، پۈتۈن يەر شارى ئىقتىسادى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر چېكىنىشكە پېتىپ قالغاندا، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىدا تولۇپ تاشقان ئېلاستىكلىق بارلىققا كېلىپ، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن تەرەققىيات يېڭى پۇرسىتى يارىتىشى، تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۆزلىشى، تەرەققىيات يېڭى بوشلۇقىنى كېڭەيتىشىدىكى مۇھىم سۇپىغا ئايلاندى.

سودا سېلىنمىسى ۋەزىيەتكە قارشى ئاشتى، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ھەمكارلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ «ھاياتلىق يولى»نى بەرپا قىلدى، جۇڭگو - لائوس تۆمۈريولى، جاكارتا - ۋەنلۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھىم، زور تۈرلەر پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىدى... خىرىس ئالدىدا، لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەر خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، «بىر بەلباغ، بىر يول» سۇ ۋە توك، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىنتايىن كەمچىل ماددىي ئەشيا، كاپالەتكە ئىگە خىزمەت، شۇنداقلا تېخىمۇ ئۈمىدكە تولغان ئەتە ھېسابلىنىدۇ.

«يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىدە، جۇڭگونىڭ تاشقى ھەمكارلىقى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.» 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، رەئىس شى جىنپىڭ ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى سودا - سانائەت رەھبەرلىرى سۆزلىشىش يىغىنىدا ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەپ، جۇڭگونىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە دۇنياۋى ئەھمىيىتىنى سىستېمىلىق شەرھلىدى.

«ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئېلىش»تا، دۇنيا قەتئىي بولغان جۇڭگو ساداسىنى ئاڭلىدى، پۇختا بولغان جۇڭگو ھەرىكىتىنى كۆردى.

ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلدى، جۇڭگو دۇنيا بىلەن پۇرسەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا كۈچ چىقاردى ——

يۇقۇم ئارقا كۆرۈنۈشىدە، مۇلازىمەت - سودا يەرمەنكىسى، گۇاڭجۇ سودا يەرمەنكىسى، ئىمپورت كۆرگەزمىسى، جۇڭگو - شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى كۆرگەزمىسى قەرەلىدە ئۆتكۈزۈلدى؛ «جۇڭگو - ياۋروپا جۇغراپىيەلىك بەلگە كېلىشىمى»، رايون ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ۋە ئىلغار بولغان تىنچ ئوكيان ھالقىغان ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمىگە قاتنىشىش پائال ئويلىشىلدى؛ جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك خادىملارنىڭ بېرىش - كېلىشىدىكى «تېز يول»، ئەشيا ترانسپورتىدىكى «يېشىل يول» ئىجادىي تەسىس قىلىندى؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش قانۇنى ھەم ئۇنى يولغا قويۇش نىزامى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش ئىجازەتى پاسسىپ تىزىملىكى يەنىمۇ قىسقارتىلدى؛ ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ سىغىمى كېڭەيتىلدى، خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشى ئومۇمىي لايىھەسى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى...

ھەربىر ئەمەلىي، كۈچلۈك تەدبىر جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ كېڭەيتىش جاسارىتى ۋە ئىرادىسىنى نامايان قىلدى.

1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسقا، 400 مىليوندىن ئارتۇق ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر توپىغا ئىگە بولغان، كەلگۈسى ئون يىلدا تاۋار ئىمپورت يىغىندى سوممىسىنىڭ 22 تىرىليون دوللاردىن ئېشىشىدىن ئۈمىد بار جۇڭگو ئۆز بازىرىنى دۇنيا بازىرى، ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان بازار، كۆپچىلىكنىڭ بازىرىغا ئايلاندۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئىشەنچ قوشىدۇ.

«جۇڭگو دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشى جەريانىدا پاراۋۇزلۇق رولىنى ئوينايدۇ» دېدى شۋېيتسارىيە ئىقتىساد جەمئىيىتىنىڭ باش ئىقتىسادشۇناسى رۇدولف منسى.

يېڭى پۇرسەت، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، جۇڭگو يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، كۆك رەڭلىك پىلانېتنى قوغداشقا كۈچ چىقاردى ——

«بۇ قېتىمقى يۇقۇم بىر مەيدان كىرىزىس، ئەمما بىز بالتۇرلۇق بىلەن كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەتنى تۇتۇشىمىز، ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك.» 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، فىلىپپىن زۇڭتۇڭى دۇتېرت بىلەن تېلېفونلاشقاندا، رەئىس شى جىنپىڭ يۇقۇمنىڭ زەربىسىگە مۇئامىلە قىلىش دىيالېكتىكىسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

يۇقۇمدىن كېيىنكى دەۋردە قانداق تەرەققىيات شەكلىگە ئەمەل قىلىش كېرەك؟ رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئىنسانلار ئۆزى ئۈستىدە بىر مەيدان ئىنقىلاب قىلىشقا ئېھتىياجلىق»، «ئېلىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، سېلىنمىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، تەرەققىياتقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، پايدىلىنىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان كونا يولنى بويلاپ مېڭىۋېرىش»كە ئەمەدى بولمايدۇ، «يۇقۇمدىن كېيىنكى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ‹يېشىل قايتا جانلىنىشى›غا تۈرتكە بولۇش» كېرەك.

75 - نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ ئادەتتىكى مۇنازىرىسىدە، رەئىس شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: جۇڭگو دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا تۆھپە قوشۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى قويۇپ بېرىشنى 2030 - يىلدىن بۇرۇن چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ، 2060 - يىلدىن بۇرۇن كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدۇ؛ ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىنكى كلىمات ئۇلۇغۋار غايىسى باشلىقلار يىغىنىدا، رەئىس شى جىنپىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «2030 - يىلغا بارغاندا، جۇڭگونىڭ بىرلىك ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىكى كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى قويۇپ بېرىش مىقدارى 2005 - يىلدىكىدىن 65%تىن كۆپرەك تۆۋەنلەيدۇ، تاشقاتمىسىز ئېنېرگىيەنىڭ بىر قېتىملىق ئېنېرگىيە ئىستېمالىدا ئىگىلەيدىغان نىسبىتى 25% ئەتراپىغا يەتكۈزۈلىدۇ، ئورمان زاپىسى مىقدارى 2005 - يىلدىكىدىن 6 مىليارد كۇب مېتىر كۆپەيتىلىدۇ، شامال ئېلېكتىر، قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن توك چىقىرىش ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمى 1 مىليارد 200 مىليون كىلوۋاتتىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلىدۇ» قاتارلىق تەنتەنىلىك ۋەدىلەرنى بەردى.

بۇ، جۇڭگونىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىشتىكى ئاڭلىق ھەرىكىتى، شۇنداقلا يەر شارىۋى كلىماتنى تۈزەشكە تۈرتكە بولۇشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى.

«بىز لەۋزىمىزدە تۇرىمىز!» رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ھەر بىر سۆزى ئىنتايىن ۋەزىنلىك.

«جۇڭگو تەرەققىيات جەريانىدا يېشىل ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى پەن - تېخنىكىغا مەبلەغ سېلىپ، كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە تەرەققىيات بىلەن مۇھىتنى قوغداشنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى» دېدى بىرازىلىيە رىئودې ژانېيرو ئىشتاتلىق داشۆسىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت مۇتەخەسسىسى مائۇرىشيو سانتورو.

### كۆپ تەرەپچىللىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەتئىي تۈردە تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇش

2020 - يىلى ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرماقتا، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەنىلا پۈتۈن يەر شارى دائىرىسىدە ھەر كۈنى نەچچە يۈز مىڭ ئادەمنىڭ يۇقۇملىنىشى، نەچچە ئونمىڭ ئادەمنىڭ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەككە تەرەپچىللىك، قورۇقچىلىق، زومىگەرلىك قىلمىشلىرى ئەۋج ئېلىپ، كىشىلەر دۇنيانىڭ يەنە مۇشتۇمزورلۇق تايىنىپ گەپ قىلىدىغان، زومىگەرلىك، زوراۋانلىق سىياسىيسى ھۆكۈم سۈرىدىغان دەۋرگە قايتىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا.

دۇنياغا نېمە بولدى؟ بىز قانداق قىلىمىز؟

«تارىخنىڭ كۈچ ئۆلىشى تايىقى بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلدى، بىز جەزمەن خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان، تارىخقا يۈز كېلەلەيدىغان تاللاش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇنبىرىدە، رەئىس شى جىنپىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرىگە شۇنداق مۇراجىئەت قىلدى.

يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تۈرتكە بولدى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولدى، رەئىس شى جىنپىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلەش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى بىلەن دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق ۋە تۈپ مەنپەئەتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ گۈزەل دۇنيانى ئورتاق قۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ ئورتاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇجەسسەملىدى.

يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تىنچ تەرەققىي قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشتىن ئىبارەت جاھاندىكى توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەردى ——

ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ يەر شارىدا كەڭ تارقىلىشى ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتتى، لېكىن تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت دەۋر باش تېمىسى ئۆزگەرمىدى، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

ۋەزىيەتنى كۆزىتەلىگەنلەر دانا، ۋەزىيەتكە ماسلىشالىغانلار ئاقىل.

«خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش» «ھەمكارلىشىپ خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىردىنبىر تاللىشى» «يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى كېرەك» «چوڭ دۆلەتنىڭ تېخىمۇ چوڭقا لايىق قىياپىتى بولۇشى كېرەك»نى تەشەببۇس قىلىشتىن «يەككە تەرەپچىللىكنىڭ چىقىش يولى يوق» «يۇقۇمنى سىياسىيلاشتۇرۇش، ۋىرۇسنى بەلگىلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، ‹سىياسىي ۋىرۇس›نى ئورتاق توسۇش» «يۇقۇمدىن پايدىلىنىپ ‹يەر شارىۋىسىزلاشتۇرۇش› بىلەن شۇغۇللىنىش ئاخىرقى ھېسابتا پەقەت ئۆز دۆلىتى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ»نى ئوتتۇرىغا قويۇشقىچە... بىر يىلدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، 20 دۆلەت گۇرۇھى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، كىبسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك سورۇنلاردا، رەئىس شى جىنپىڭ بايرىقى روشەن ھالدا جۇڭگونىڭ نېمىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقى، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقى، نېمىدە ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپ تەرەپچىللىككە ئىگە بولغان جۇڭگوچە ئېپادىلەش ئارقىلىق دۇنياغا جۇڭگونىڭ دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئۆزگىرىشكە تۈرتكە بولۇشقا بولغان چوڭقۇر تەپەككۇرىنى يەتكۈزدى.

ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كۆپ تەرەپچىللىكنى قەتئىي قوللىدى ——

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، رەئىس شى جىنپىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: «دۇنيادا پەقەت بىرلا سىستېما بار، ئۇ دەل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېما؛ پەقەت بىر يۈرۈشلا قائىدە بار، ئۇ دەل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنى ئاساس قىلغان خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانى».

يۇقۇم يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى ماسلاشماسلىق، ماس كەلمەسلىك مەسىلىسىنى زورايتىۋەتتى. بۇ دەل ھەرقايسى تەرەپلەر قانداق قىلىپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان نۇقتا، ھەرگىزمۇ ئاغدۇرۇۋېتىپ قايتىدىن باشلاش، باشقىچە يول تۇتۇشنىڭ سەۋەبى ئەمەس.

جۇڭگودا يەر شارىۋى ئىنسانپەرۋەرلىك جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئامبىرى ۋە تۈگۈنى تەسىس قىلىنىشى پائال ئالغا سىلجىتىش، 3 - قارارلىق جۇڭگو - بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشلىق - يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتى جەنۇب - جەنۇب ھەمكارلىقى ھاۋالە فوندى تەسىس قىلىنغانلىقىنى جاكارلاش، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگودا يەر شارىۋى جۇغراپىيەلىك ئۇچۇر بىلىملىرى بىلەن يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى تەسىس قىلىشنى، ئىمكانىيەتلىك سەجىل تەرەققىيات چوڭ سانلىق مەلۇمات خەلقئارا تەتقىقات مەركىزى تەسىس قىلىشنى قوللاش، جۇڭگو - بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تىنچلىق ۋە تەرەققىيات فوندىنى 2025 - يىلى مۇددىتى توشقاندىن كېيىن بەش يىل ئۇزارتىشقا، كەلگۈسى بەش يىل ئىچىدە يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاياللار مەھكىمىسىنى 10 مىليون دوللار ئىئانە بىلەن تەمىنلەشكە ۋەدە بېرىش... بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئىككىنچى چوڭ ئەزالىق بەدەل پۇلى تۆلەيدىغان دۆلەت ۋە تىنچلىقنى قوغداش خىراجىتى تەقسىم قىلىنىدىغان دۆلەت، خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەتلەر ئىچىدىكى بىرىنچى چوڭ ئەسكەر چىقارغۇچى دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، پۇختا ھەرىكىتى ئارقىلىق كۆپ تەرەپچىللىكنى قوللاپ، خەلقئارا تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

دەل گۇتېررېس ئېيتقاندەك: «جۇڭگونىڭ قوللىشى بولغاندىلا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاندىن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلالايدۇ».

يىراق كەلگۈسىنى كۆزلەپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتا ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى ——

2013 - يىلى 3 - ئايدا، موسكۋا خەلقئارا مۇناسىۋەت شۆبىنىدە، رەئىس شى جىنپىڭ تۇنجى قېتىم خەلقئارا جەمئىيەتكە بۇ دۇنيا «بارغانسېرى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىگە ئايلىنىۋاتىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى؛ يەتتە يىلدىن كېيىن، بىر مەيدان يۇقۇم دۇنيانىڭ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىگە بولغان تونۇشىنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتۇردى.

بۇ يىل 3 - ئايدا فىرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرونغا ئەۋەتكەن ھال سوراش تېلېگراممىسىدا، رەئىس شى جىنپىڭ ئىنسانىيەت سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رامكىسى ئىچىدە «سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى» «خەۋپسىزلىك ئورتاق گەۋدىسى» «تەرەققىيات ئورتاق گەۋدىسى» «ئادەمىيەت ئورتاق گەۋدىسى» بەرپا قىلىشتەك مۇھىم، زور تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رەھبەرلىرىنىڭ بىرەسمىي يىغىنىدا، ئېچىۋېتىلگەن - سىغدۇرۇشچان، يېڭىلىق يارىتىدىغان - ئاشۇرىدىغان، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرىدىغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئاسىيا - تىنچ ئوكيان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى سىستېمىلىق شەرھلىدى... ئىنسانىيەت ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدا، تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى يەنىمۇ بېيىتىلدى، چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى.

دۆلەت قاتلىمىدا، جۇڭگو بارغانسېرى كۆپ دوستانە ھەمراھلىرى بىلەن ئىككى تەرەپ تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلدى؛ رايون دائىرىسىدە، ھەرقايسى تەرەپلەر ئەتراپ، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان، جۇڭگو - شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى، جۇڭگو - ئافرىقا، جۇڭگو - ئەرەب دۆلەتلىرى، جۇڭگو - لاتىن ئامېرىكىسى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش توغرىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى؛ پۈتۈن يەر شارى ساھەسىدە، جۇڭگو تەرەپنىڭ تور بوشلۇقى، يادرو خەۋپسىزلىكى، دېڭىز - ئوكيان، سەھىيە - ساغلاملىق قاتارلىق تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشى پائال ئاۋاز قوشۇشقا ئېرىشتى...

«بىز بىرلىكتە ۋىرۇس ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمىز، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسى بىزگە ياردەم بېرىدۇ» رۇسىيەلىك داڭلىق ئالىم ۋلادىمىر بىچېرىنسا ماقالىسىدە شۇنداق يازدى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى تۈرلۈك خىرىس ۋە قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىدىغان تارىخ.

ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتسەكلا، بىز جەزمەن تېخىمۇ پارلاق ئەتىنى كۈتۈۋالىمىز!

**(مۇخبىرلار لىيۇ خۇا، جېڭ مىڭدا، پەن جېي، جۇ چاۋ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى)**